# شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچى، تىنچ، مۇقىم بولغان بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك. دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نىشان، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشقا تۈرتكە بولۇشنى ئاساسىي مەقسەت، خەلقئارا قانۇن ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغداپ، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىغا قارشى تۇرۇپ، جۇغراپىيەلىك سىياسىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش مۇساپىسىگە ئىجابىي قاتنىشىش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ئورتاق ساداسىنى ياڭرىتىپ، خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ يېڭى سانائەت ئىنقىلابىدىكى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سودا ۋە سېلىنما، رەقەملىك ئىقتىساد، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، تۇتاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى ئۆزلۈكسىز يارىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. قورۇقچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى سۆز قىلىش ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تەرەققىيات مەسىلىسىنى يەر شارىۋى ماكرو سىياسەت رامكىسىنىڭ يادرولۇق ئورنىغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى ۋە كلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى «پارىژ كېلىشىمى»نى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مۇھىتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا ئۈلگە ئالىدىغان ئادىمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئادىمىيەت ئالاقىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك. «كېسەك ئالتۇن +» ھەمكارلىقىنى سۇپا قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش، سۆزلىشىشنى كۈچەيتىپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ دوستلار چەمبىرىكىنى بارغانسېرى زورايتىپ، ھەمراھلىق تورىنى بارغانسېرى كېڭەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تاۋار ۋە مۇلازىمەت ئىمپورتىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ بازار ئىجازىتىنى كېڭەيتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۇڭگو ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئوچۇق، يېشىل، پاك بولۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. جۇڭگو مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، تىنچ تەرەققىيات يولىدا باشتىن - ئاخىر ئېغىشماي مېڭىپ، تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئېچىۋېتىلگەن - سىغدۇرۇشچان، يېڭىلىق يارىتىدىغان - ئاشۇرىدىغان، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا - تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىش، ئىنسانىيەت تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ.

شۇ كۈنى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى يەنە يېپىق يىغىن ئۆتكۈزدى، شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلاشتى، بۇ قارىماققا تاسادىپىيدەك تۇيۇلسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە تارىخىي مۇقەررەرلىك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەڭشىلىش سۈرئىتى، كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تېررىتورىيەسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتمەكتە. ھېچقانداق دۆلەت ئەزەلدىن يالغۇز تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپقان ئەمەس، شۇنداقلا ھېچقانداق ئەندىزىنىڭمۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئەمەس. يەر شارىۋىلاشقان دەۋردە، بىر قىسىم ئادەملەر يەنە بىر قىسىم ئادەملەرگە قارشى تۇرماستىن، بەلكى ھەممە ئادەم ھەممە ئادەمگە بەخت يارىتىشى كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك، بۇنىڭ يادرولۇق ئاساسىي مەزمۇنى شۇكى، خەلقئارا ئىشلارنى كۆپچىلىك كېڭىشىپ بېجىرىشى، بىر دۆلەت ياكى ئاز ساندىكى نەچچە دۆلەتنىڭ دېگىنى ھېساب بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى قوللاپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ، بۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك «ئالاھىدە ۋە پەرقلىق مۇئامىلە»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەرەققىيات، گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئالدى بىلەن مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا كۆرۈلگەن داۋالغۇشتا سىرتنىڭ ئارىلىشىشى تېخىمۇ ئۇلغايتىش رولىنى ئوينىدى. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىپ خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، بەش دۆلەت خەلقلىرى ئۈچۈن، كەڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى ئېچىشى كېرەك.

بولسونارو، پۇتىن، مودى، رامافوسالار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىرقى ۋەزىيەتتە مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىپ، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك باش كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلدى. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى روھى بويىچە، ئالاقە، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى قوغدىشى، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغدىشى، ئادىل، ئاشكارا، ئېچىۋېتىلگەن كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغدىشى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىيات يولىنى تاللىشىنى قوللاپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداپ، تالاش - تارتىشلارنى سۆزلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، خەلقئارا ئىستراتېگىيەلىك بىخەتەرلىك، مۇقىملىقنى قوغداشتا تېخىمۇ زور رول ئوينىشى كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر تېخىمۇ كۆپ قولايلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆزئارا سودا ۋە سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد، ئېنېرگىيە، پۇل مۇئامىلە، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە تۇتاشتۇرۇش، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

بەش دۆلەت رەھبەرلىرى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىيات، گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى.

ئۇچرىشىشتا «كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى باشلىيا خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ يېڭى سانائەت ئىنقىلابىدىكى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېيىنكى باسقۇچتىكى كېسەك ئالتۇن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ بىر مۇھىم تۇتقىسى. ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كارخانا ھەمكارلىقىنى يېڭى سانائەت ئىنقىلابىدىكى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد، يېشىل ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، بەش دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى تەتۈر شامالغا ئۇچرىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد - سودا، سېلىنما ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان قىيىن نۇقتا ۋە ئاغرىش نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ھەققىي تۈردە يولغا قويۇشقا بولىدىغان ھەل قىلىش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپ ۋە بازار تەلىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلىشى، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيانىڭ پۇرسىتى. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئىرادىسى ئۆزگەرمىدى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى. بىز بازارنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىپ، ئىمپورتنى كېڭەيتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ، كارخانىلارغا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات شارائىتى يارىتىپ بېرىمىز. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كىردى، كارخانىچىلارنىڭ پۇرسەتنى تۇتۇپ، پائال قاتنىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق نەتىجىلىرىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى سودا - سانائەت ساھەسىدىكى ۋەكىللەردىن تەخمىنەن 600 كىشى يىغىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شۇ كۈنى كەچتە، شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن بولسونارو ۋە رەپىقىسىنىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى ھەم بىرلىكتە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار شۈ لىنگۈي، جياڭ گوپىڭ)** شۇ جاي ۋاقتى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى سودا - سانائەت كېڭىشى ۋە يېڭى تەرەققىيات بانكىسى بىلەن سۆزلىشىشى باشلىيادا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ، برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىرلىكتە قاتناشتى.

بەش دۆلەت رەھبەرلىرى كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى سودا - سانائەت كېڭىشى، يېڭى تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، سودا - سانائەت كېڭىشى ۋەكىلى سۇنغان يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە سودا - سانائەت كېڭىشى ۋە يېڭى تەرەققىيات بانكىسىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىككى ئاپپاراتنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، كەڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئېسىل تۈرلەرنى يارىتىش كېرەك. كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەمكارلىق مېخانىزمى بىلەن بولغان ماسلىشىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق تۈردە ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ھەم ئىقتىسادنىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، سىغدۇرۇشچان بولىدىغان ئۇل ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تېخنىكىلارنى ئېچىش، كېڭەيتىش كېرەك. ئىچكى قىسىمدىكى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت سەۋىيەسى ۋە تەتقىقات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئەزا كۆپەيتىشكە تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى سۆزىدە سودا - سانائەت كېڭىشى، يېڭى تەرەققىيات بانكىسى ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئىككى ئاپپاراتنىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ۋە باشقا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات تۈرلىرىگە مەبلەغ توپلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا تېگىشلىك رول ئويناشنى ئارزۇ قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ ھازىرقى شياڭگاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن مەيدانىنى بىلدۈردى

## زوراۋانلىقنى توسۇپ قالايمىقانچىلىقنى چەكلەش، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شياڭگاڭنىڭ ھازىرقى ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى** شۇ جاي ۋاقتى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىيادا كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشقاندا، ھازىرقى شياڭگاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن مەيدانىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شياڭگاڭدا سىجىل يۈز بەرگەن ھەددىدىن ئاشقان زوراۋانلىق جىنايى قىلمىشلىرى قانۇنچىللىق ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پرىنسىپىنىڭ تۆۋەن چېكىگە ئېغىر دەرىجىدە خىرىس قىلدى. زوراۋانلىقنى توسۇپ قالايمىقانچىلىقنى چەكلەش، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شياڭگاڭنىڭ ھازىرقى ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپىسى. بىز باش مەمۇرنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى داۋاملىق قەتئىي قوللايمىز، شياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ قانۇننى كەسكىن ئىجرا قىلىشىنى قەتئىي قوللايمىز، شياڭگاڭ قانۇن يۈرگۈزۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ زوراۋان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى قانۇن بويىچە جازالىشىنى قەتئىي قوللايمىز. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شياڭگاڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردە يېڭى تەدبىر، يېڭى نەتىجىلەر بولۇشى كېرەك. ئىككى تەرەپ داۋاملىق ئورتاق تىرىشىپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئاكتىپ، ساغلام تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلىشى، ئۆزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشى، رايون ھەم دۇنياغا نەپ يەتكۈزۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەتتە داۋاملىق مۇرەككەپ، چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى قوغداپ، يەككە تەرەپچىلىك، زومىگەرلىك قىلمىشىغا قارشى تۇرۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداپ، ئادىل، ھەققانىي بولغان خەلقئارا مۇھىتنى ئورتاق يارىتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەمدىلا ئاياغلاشقان 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، رۇسىيە تەرەپتىن يەرمەنكىگە قاتناشقان كارخانىلارنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 74% ئاشتى. ئىككى تەرەپنىڭ سودا كۆلىمىنى سىجىل كېڭەيتىش كېرەك. جۇڭگو - رۇسىيە شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى تۈرى پات ئارىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ گاز يەتكۈزۈلىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئىستراتېگىيەلىك چوڭ تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ مېۋە بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. كېلەر يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلدىكى جۇڭگو - رۇسىيە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىلىنىڭ مول نەتىجىلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن ئۇدۇللىشىشىدا ئۆزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ۋە پۈتۈن يەر شارىنى ئىدارە قىلىشتا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇش، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئاكتىپ سىگنالىنى تارقىتىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپنىڭ كېلەر يىلى كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشى ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى مۇستەھكەم، مۇقىم، ھېچقانداق تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق. رۇسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى چوڭقۇر دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاساس قىلغان، سىياسىي جەھەتتە قويۇق ھەمكارلاشقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ھەمكارلاشقان، خەلقئارا سەھنىدە زىچ ماسلاشقان بولۇپ، ھەققىي مەنىدىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىرىدۇر. رۇسىيە بىلەن جۇڭگو پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئورتاق تونۇش ۋە ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق قويۇقلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆز ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللىشى كېرەك. رۇسىيە تەرەپ ئىككى تەرەپنىڭ سودا كۆلىمى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ياۋروپا - ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى بىلەن ئۇدۇللىشىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئالەم قاتنىشى، ئاۋىياتسىيە، ئېنېرگىيە، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىشەنچى بار، جۇڭگوغا قىلىدىغان تەبىئىي گاز ئېكسپورتىنى ئاشۇرىدۇ. ئادىمىيەت ئالاقىسى ۋە يەرلىكنىڭ بېرىش - كېلىشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. رۇسىيە تەرەپ كېلەر يىلى كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ نۆۋەتچى رەئىسى بولىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ماسلىشىپ، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مېخانىزمىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشنى خالايدۇ. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسى ئىچىدىكى ھەمكارلىقنى، بولۇپمۇ خەۋپسىزلىك ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)